يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرەيلى

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق، ئۆركەشلەپ مەۋج ئۇرۇۋاتقان دۇنيا ئىقتىسادى چوڭ دولقۇندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ پاراخوتنى ياخشى تىزگىنلەش - تىزگىنلىيەلەسلىك پارتىيەمىز ئۈچۈن مۇھىم، زور سىناق. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى: بىز ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ مېتودولوگىيەسىدىن پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، ئۇ يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، پارتىيەمىز يېڭى جانلىق ئەمەلىيەتنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىيات ئىدىيەسى، مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، تەقسىمات تۈزۈلمىسى، ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسى، بازار مېخانىزمى، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش، كەسىپ قۇرۇلمىسى، كارخانا ئىدارە قىلىش قۇرۇلمىسى، خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەردە نۇرغۇن مۇھىم ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيە» «سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈم توغرىسىدىكى نەزەرىيە» «ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە تەرەققىيات توغرىسىدىكى نەزەرىيە» قاتارلىق 11 جەھەتتىكى نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ نەزەرىيە نەتىجىلىرىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، يەنە ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچقانلىقىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەردى.

دەۋر تېمىسى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ قوزغاتقۇچ كۈچى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چوڭ يۈزلىنىشنى كۆزىتىش، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت ئاساسىدىكى نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنى دادىل ئالغا سىلجىتىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلەپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت بۇ پاراخوتنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلدى. شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىگە تۈرتكە بولىدىغان نەزەرىيە جەۋھىرى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى تامامەن توغرا، پارتىيەمىز مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت ۋە ئىقتىدارغا ئىگە.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارادا، دۇنيا ئىقتىسادى پەسكويغا چۈشۈپ قالدى، خەلقئارا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، خەۋپسىزلىك، سىياسىي قاتارلىق ۋەزىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر تەڭشىلىش بولدى، بىز تېخىمۇ كۆپ تەتۈر شامال، تەتۈر ئېقىملىق تاشقى مۇھىتقا يۈزلىنىمىز. دۆلەت ئىچىدە، دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تەرەققىيات كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىككە ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىيات تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. مۇرەككەپ، چىگىش بولغان دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ئالدىدا، خىلمۇخىل ئىقتىسادىي ھادىسىلەر ئالدىدا، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە مېتودولوگىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش بىزنىڭ ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىنى ئىلمىي تونۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىشىمىزگە پايدىلىق.

تەرەققىيات مۇھىتى قانچە مۇرەككەپ بولغانسېرى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى شۇنچە ئۆستۈرۈپ، جۇڭگو ئىقتىسادىدىن ئىبارەت پاراخوتنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، بوران - چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈش، كۆپ ئىشلارنى كۆرۈش داۋامىدا قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈپ، بىلىملىرىمىزنى رۇسلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشتىكى قاتتىق ئومۇرتقا، تۆمۈر يەلكە، ھەقىقىي قابىلىيەتنى چېنىقتۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى مەۋقە قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە دۆلىتىمىز ئىقتىسادى دۇچ كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى قانۇنىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتىدىكى قانۇنىيەتلىك نەتىجىلەرنى تاۋلاپ ۋە يەكۈنلەپ، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلىق ئىقتىسادىي تەلىماتقا كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن جۇڭگو ئەقىل - پاراستىنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك.

سۇمۇرغ ئۇچار ھامان بىر كۈن شوخ شامالغا جور بولۇپ، پەرۋاز قىلار ئاسماندا ھەيۋەت كەبى قانات قېقىپ. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىس ئالدىدا، تېخىمۇ كەڭ نەزەر دائىرە، تېخىمۇ يىراقنى كۆزلەيدىغان نەزەر بىلەن كەلگۈسى تەرەققىياتتا دۇچ كېلىدىغان بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئىگىلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىيەت ئۈستىدە دادىل ئىزدىنىپ، نەزەرىيە جەھەتتە ئۈزلۈكسىز بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، شامالغا قارشى پاراخوت ھەيدەشكە جۈرئەت قىلىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولساقلا، چوقۇم ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# جىڭ ئالقىتى تەرەققىيات «ئۈچ مېلودىيەسى»نى ياڭراتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، جىڭنىڭ قۇرۇتۇلغان ئالقات يىللىق ھوسۇلى 15 مىڭ تونىنىغا يېتىدىكەن، يىللىق پىششىقلاپ ئايلاندۇرۇلغان ھۆل ئالقات 32 مىڭ توننا بولۇپ، 260 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەھسۇلات قىممىتى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

**«70 - يىللاردا تۇغۇلغان» دېھقان:**

**چۆللۈكتە «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ» ئۆستۈردى**

7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جىڭ ناھىيەسىنىڭ تولى بازىرىدىكى بىر پارچە ئالقاتزارلىقتا، شاخلىرىغا پاتماي قالغان قىزىل ھېقىقتا ئوخشاش ئالقاتلار كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ئالقاتچى دېھقان خۇ جۇنلى ئىشچىلارنى باشلاپ ئالقات يىغىۋاتاتتى، كۆپچىلىكنىڭ چېھرىدە مول ھوسۇل شادلىقى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قۇم - توپا بېسىپ كېتەتكەن تاقىر يەر 10 مىڭ مولۇق تۇتاش كېتەتكەن ئالقات ئۆستۈرۈش بازىسىغا ئايلانغانىدى، بۇ يىل 48 ياشقا كىرگەن خۇ جۇنلى بۇنىڭ گۇۋاھچىلىرىنىڭ بىرى.

خۇ جۇنلى مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان جىڭلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالقاتقا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىلا ئاتا - بوۋىلىرى ئالقات ئۆستۈرۈشكە باشلىغان، دەسلەپتە ئۆيىنىڭ ئالدى - كەينىگە، ھويلىسىدا ئۆستۈرۈپ، بارا - بارا ئون نەچچە مو كۆلەمگە كېڭەيتكەن. 2005 - يىلى، خۇ جۇنلى جىڭ ناھىيەسىنىڭ ئالقات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياخشى سىياسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، چۆللۈكتە 600 مودىن ئارتۇق يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، ئالقات ئۆستۈرۈشكە باشلىدى.

بۇ ھەرگىزمۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. «ھەممە يەر تاشلىق، ئالقات ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تاشلارنى تېرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ». يۈزى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن خۇ جۇنلى ھەر كۈنى ئېتىز - ئېرىق بېشىدىن كىرمەي ئىشلىدى، مانا مۇشۇنداق بىر يىل چىڭ تۇرۇپ داۋاملاشتۇردى. 2006 - يىلى ئەتىيازدا، خۇ جۇنلى ئائىلىسىنىڭ 600 مو يەردىكى ئالقات مايسىسىنىڭ %90ى ئەمەي بولدى، ئالقاتمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش گۆھىرىگە ئايلاندى.

كىچىككىنە ئالقات جىڭ ناھىيەسىگە غايەت زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلدى، ئىلگىرىكى قاقاسلىقنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە ئالقاتچى دېھقانلارنىڭ «تىللا تۆكۈلىدىغان دەرەخ»گە ئايلىنىپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى «تەڭ ئىشقا ئاشۇردى».

**«80 - يىللاردا تۇغۇلغان» دېھقان:**

**ئىنچىكە پىششىقلاش كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلدى**

جىڭ ناھىيەسى جىرۇي بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پىششىقلاش سېخىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە، قويۇلدۇرۇلغان خالتا - خالتا ئالقات شەربىتى رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، سېخنى ئالقاتنىڭ خۇش ھىدى قاپلىغانىدى. ھۆل ئالقات بۇ يەردە يۇيۇش، بوتقىلاش، سۈزۈش قاتارلىق بىرنەچچە ئىش تەرتىپىدىن كېيىن خالتىلارغا قاچىلىنىپ، ئاندىن تور ياكى تور سىرتىدا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلاتتى.

«ئالقات كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىش جىڭ ناھىيەسىنىڭ ئالقات كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بۆسۈش ئېغىزى.» 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جىڭ ناھىيەلىك ئالقات كەسپى تەرەققىيات مەركىزىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى جاۋ يۈلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «ئالقات كەسپىنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ناھىيە سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، بىر تۈركۈم ئالقات ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ ۋە كىرگۈزۈپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى».

80 - يىللاردا تۇغۇلغان جاڭ بىڭ نەزەرىنى ئالقاتنى ئىنچىكە پىششىقلاشقا قاراتتى.

2019 - يىلى، جاڭ بىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە جىڭ ناھىيەسى جىرۇي بىيو پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇرۇپ، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق ئالقات يۇيۇش، يانجىش، قالدۇق ئىسسىقلىق ئارقىلىق باكتېرىيە يوقىتىش، باك ئارقىلىق باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش ھەم تولۇق ئاپتوماتىك ئوراش - قاچىلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. «ئىلگىرى بىر كىلوگرام قۇرۇتۇلغان ئالقاتنى پەقەت 40 نەچچە يۈەنگىلا ساتقىلى بولاتتى، ھازىر بىر خالتا 30 مىللىلىتىرلىق قويۇلدۇرۇلغان ئالقات شەربىتىنى 11 يۈەنگە ساتىمىز، قارا ئالقاتتىن ئىنچىكە ئىشلەنگەن بىر لىتىر پۇنى 28 يۈەنگە ساتىمىز، زاكاز ناھايىتى كۆپ، ئىستېمالچىلار ئىنتايىن ياقتۇرىدۇ، مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىن غەم قىلمايمىز» دېدى جاڭ بىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، جىڭ ئالقىتى يېڭى «قىممەت»كە ئىگە بولدى. مەھسۇلاتلىرى قۇرۇتۇلغان ئالقاتتىن قويۇلدۇرۇلغان ئالقات شەربىتى، ئالقات پېۋىسى، ئالقات ئىچىملىكى، ئالقات كاپسۇلى قاتارلىق 14 خىل مەھسۇلاتقا كۆپەيتىلدى ھەم 23 سۈپەتلىك ماركا يارىتىلدى. نۆۋەتتە، جىڭ ناھىيەسىدە جەمئىي ئالقاتنى ئىنچىكە پىششىقلاش كارخانىسىدىن 13ى، ئۆستۈرۈش كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن 25ى، قۇرۇتۇش ئۆيىدىن 300 نەچچىسى بار.

**«90 - يىللاردا تۇغۇلغان» دېھقان:**

**ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدا سېتىش بىلەن ئالدىراش بولدى**

«كۆپچىلىكنىڭ بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۆيۈمگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىمەن، بۈگۈنكى ياخشى مەھسۇلات تەۋسىيەسى جىڭنىڭ ئالقات ھەسلى بولۇپ، ناھايىتى ياخشى كۆتۈنۈش، ساقلىقنى ساقلاش ئۈنۈمىگە ئىگە...» 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جىڭ ناھىيەسى جىخۇيخاۋ ئېلېكترونلۇق سودا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، شىركەت مەسئۇلى جاڭ ۋېي تور رىياسەتچىسى بولۇپ، تورداشلارغا ئالقات ھەسلىنى تەۋسىيە قىلدى. ئىككى سائەتلىك بىۋاستە كۆرسىتىشتە 20دىن ئارتۇق زاكاز قوبۇل قىلىنىپ، سېتىش سوممىسى 3000 يۈەندىن ئاشتى.

«90 - يىللاردا تۇغۇلغان» جاڭ ۋېي داشۆنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئالقات سېتىشنى قارار قىلغانىدى، ئۇ ئەينى چاغدىكى قارارىدىن ئەزەلدىن پۇشايمان قىلىپ باقمىدى. «تۆت ئايدىن بۇيان، بىۋاستە كۆرسىتىپ سېتىش سوممىسى 200 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتتى، ساتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى يۇرتىمىزنىڭ ئالقتى، يۇرتداشلارنىڭ پۇل ئالغان چاغدىكى تەبەسسۇمىغا قاراپ، مەن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جىڭ ناھىيەسى ئاقىل ئەشيا ئوبوروتى ئېلېكترونلۇق سودا كەسىپلەر باغچىسى بەرپا قىلدى. بۇ شەرق شاملىدىن پايدىلىنىپ، جاڭ ۋېي ئېلېكترونلۇق سودا كەسىپلەر باغچىسىغا ماكانلاشتى ھەم ئۆسۈمسىز قەرز پۇل، ھەم ھەقسىز سۇ، توك، تور ۋە ئىش ئۈستەلى، ئورۇندۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولدى.

«بۇ يىل 4 - ئايدا، ناھىيە شۇ جايدىكى توردا ئالقىشلانغانلارنى تەربىيەلەش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئېلېكترونلۇق سودا كارخانىلىرى كوللېكتىپلىرىنى جىڭدىكى توردا ئالقىشلانغانلارنى تەربىيەلەپ يېتەكلەشكە مەخسۇس تەكلىپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى توردا ئالقىشلانغانلارنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سۈپىسى بىلەن تەمىنلەپ، توردا بىۋاستە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى» دېدى جىڭ ناھىيەلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتى ۋە چوڭ سانلىق مەلۇمات تەرەققىيات مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ما شۈجۈن تونۇشتۇرۇپ.

نۆۋەتتە، جىڭ ناھىيەسىدە توردا سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىدىن 60ى، تور دۇكىنىدىن 2323ى بار، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، توردا پارچە سېتىش سوممىسى 80 مىليون يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى، مۆلچەرلىنىشىچە، پۈتۈن يىلدا 120 مىليون يۈەنلىك توردا پارچە سېتىش سوممىسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدىكەن.

# دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 1000دىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 15 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن ئالتە يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 792، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 224 بولۇپ، جەمئىي 1016.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق دېدى: ھازىرغىچە، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 1000دىن ئاشتى، بۇ، گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەچچە مىڭ تېببىي خىزمەتچىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە بولۇپ، بىزنىڭ ئالدىنقى باسقۇچتىكى داۋالىشىمىزنىڭ پائال، ئۈنۈملۈك بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى، ئاغرىقلارمۇ بىزنىڭ قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئىقتىدارىمىزغا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولدى. كېيىنكى باسقۇچتا، بىز «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»گە داۋاملىق قاتتىق ئەمەل قىلىپ، دوختۇرخانىدىكى ئاغرىقلارنى پائال داۋالايمىز ۋە ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەشىقى قىلدۇرىمىز، ئۇلارنى داۋالاپ ساقايتىشقا ئىشەنچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بار، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشمىز.